# بىلال ئەزىزى شېئىرلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

2

# بىلال ئىزىزى شېئىرلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىلال ئەزىزى شېئىرلىرى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسى تارقىتىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1981 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
1982 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10098·560
باھاسى: 0.17 يۈەن



## نەشرىياتتىن

لىن بىياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي گۇرۇھى زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان ئاپەتلىك يىللاردا شائىر بىلال ئېزىزى توھمەت ۋە ھاقارەتكە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ جەڭگە-ۋار شېئىرلىرى "زەھەرلىك چوپ" دەپ قارىلىپ، تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان شېئىرلار توپلىمى يوقىتىۋېتىلدى.

لېكىن، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بۇ شۇملۇق - قۇۋلۇقلىرى شائىرنىڭ شانلىق ئوبرازىنى ۋە يالقۇنلۇق شېئىرلىرىنى خەلق قەلبىدىن ئۆچۈرۈۋېتەلمىدى. خەلق بىلال ئېزىزىنى خۇددى ئوتپۇللا مۇتەللىپنى سۆيگەندەك چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ياد ئەتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى چىن قەلبىدىن سۆيۈپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدى.

بىز كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، شائىر-نىڭ كىيۈر نىياز، ئەرشىدىن تاتلىق يولداشلار تەرىپىدە-دىن توپلىنىپ، 1957 - يىلى نەشرىياتىمىز نەشر قىل-غان شېئىرلار توپلىمىنى تولۇقلاپ قايتا نەشر قىلدۇق. توپلامنىڭ بۇ قېتىمقى نەشرىگە يولداش ئەلقەم ئەختەم-نىڭ «شائىر بىلال ئېزىزى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي يولى» ناملىق ماقالىسى قوشۇپ بېرىلدى. توپلامنى نەشرگە تەييارلاشتا يولداش ئەلقەم ئەختەم يېقىندىن ياردەمدە بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

شائىر بىلال ئىززى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي يولى...... 1
بىرلىك ........................................ 10
مەكتەپ ........................................ 11
ئوقۇش بىلەن ................................... 13
گۈزەل شىنجاڭ ................................. 15
كۈرەش بىلەن .................................. 18
ئاپرېل قىزىغا ................................. 19
ئانا بىلەن قىز ................................ 22
دۈشمەن نىمە قىلماقچى ........................ 27
ۋەتەن خىسلەتلىرى ............................. 29
ۋەتەن ئۈچۈن .................................. 32
يولدىشىمغا .................................... 33
قەرزىمىز ....................................... 35
مۇستەھزاد ..................................... 37
گۈلۈمگە ....................................... 39
رۇبائى ......................................... 40
زىبائى غەزىلىگە مۇخەممەس ..................... 41
غەزەل ......................................... 43
مارت شامىلىغا خىتاپ .......................... 45

كوڭۇل ........................................ 47
نىمە بولدى ........................................ 48
ئۇمۇر ئاتقان ئوق........................................ 51
يىللارغا سوئال........................................ 53
بۇلبۇلنىڭ گۇلگە نالىسى........................................ 56
دىلبەرىمگە ........................................ 58
ئۇلامىسۇن ........................................ 60
يىگىت ........................................ 61
ئۇينا ........................................ 63
بۇرادىرىمگە........................................ 66
قەلەمگە خىتاپ........................................ 68
پارچىلار........................................ 71

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# شائىر بىلال ئەزىزى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي يولى

## ئەلقەم ئەختەم

بىلال ئەزىزى ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر ۋە گۈزەل شېئىر-لىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بەلگە-لىك تۆھپە قوشقان ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مىراسلىرىنى ئۈنۈملۈك ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭى شېئىرىيەت سەھىپىسىنى ئاچقان شائىرلارنىڭ بىرى.

بىلال ئەزىزى قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە ياشىدى. لېكىن ئۇ جاپاكەش خەلقىنىڭ ئازاتلىق تىگىنى، ۋەتىنىنىڭ ھۆر كې-لەچىكىنى كۆيلىدى، قەلىمىنى ئۆتكۈر قورال قىلىپ، گو-مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلدى. ئۇ جەڭگىۋار شېئىرلىرى ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىپ ئۆز ئا-زاتلىقىنى، تەڭلىك-باراۋەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى، شائىرنىڭ يالقۇنلۇق شېئىرىدىكى مۇنداق پىكىرلەرنى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن ئېنىق كۆ-رۈش مۇمكىن:

قەتئى ئالغا باس، ئەلنى ياران قىل!
ئۇتۇق ساڭا خاس، ئىشنى ئوبدان قىل!
زۇلۇم سازىنى، جاپاكارىنى،
كۆلپەت داغىنى چوقۇم يەكسان قىل!
ھەقىقەت ئۈچۈن، ئادالەت ئۈچۈن،
ۋەتىنىڭ ئۈچۈن جاننى قۇربان قىل!
كوزۇللەر ئارا، قالمىسۇن قارا،
سىناشقا يارا، ھەقنى مىزان قىل!

غاپىللىقتىن قاچ، كوزۇڭنى چوڭ ئاچ،
ئەقلىڭدىن نۇر ساچ، ئىلھام سەيلان قىل!
قارا كۇنلەرگە، مۇدھىش تۇنلەرگە،
ۋەھشى ئەللەرگە نەپرەت بايان قىل!

شائىر بىلال ئېزىزى 1921 - يىلى تۇغۇلدى ۋە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىلچى ناھىيىسىدە ئوسۇپ چوڭ بولدى. ئۇنىڭ مىللىتى ئوزبەك بولۇپ، ئاتىسى نامرات، لېكىن ئوقۇمۇشلۇق دولىلا ئادەم ئىدى. بىلال ئېزىزى ساۋادىنى ئوز ئائىلىسىدە چىقارغاندىن كېيىن ئەمەت ھا-جى دىگەن كىشىنىڭ خوتەندە ئاچقان دىنىي مەكتىۋىگە كىرىپ ئوقىدى، بۇ ۋاقىتتىكى دىنىي مەكتەپلەردە ناۋايى، لۇتپى، نوبىتى قاتارلىق كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەر-لىرى رەسمى دەرس قىلىپ ئوتۇلەتتى.

كىچىكىدىلا ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغان ياش

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلال ئېزىزى مەكتەپتە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگەندى ۋە يادقا ئالدى. بۇ ئارقىلىق كىلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن تونۇشۇپ، مەلۇم چۈشەنچە ھاسىل قىلدى. بۇ بىلال ئېزىزنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1936-يىلىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشتى.

بىراق ئۇ چاغلاردا خوتەندە مەتبۇئات-نەشرىيات ئورۇنلىرى بولمىغانلىقتىن بىلال ئېزىزى يازغان شېئىرلىرىنى خاتىرە دەپتىرىدىلا ساقلاپ يۈردى.

1937-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ماخۇسەننىڭ خوتەندىكى مالىمانچىلىقلىرى ۋە ئۇنىڭ قالدۇق قىسىملىرى يوقىتىلغاندىن كېيىن خوتەندە 1938-يىلدىن باشلاپ بىر قەدەر ئىلغار مائارىپ-مەتبۇئات ئورۇنلىرى تەسىس قىلىندى ۋە ۋىلايەتلىك «خوتەن گېزىتى» نەشر قىلىنىشقا باشلىدى.

1938-يىلى خوتەندە تۇنجى قېتىم دارىلتام مەكتىۋى ئېچىلغاندا بىلال ئېزىزى بۇ مەكتەپنىڭ يۇقۇرى سىنىپىدا بىر يىل ئوقۇدى. 1939-يىلى خوتەندە ئېچىلغان بىرىنچى نوۋەتلىك ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇشقا كىردى. بۇ مەزگىلدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئورۇمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئەزالىرى خوتەنگە بېرىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن يولداش ماجاۋسۇك خوتەن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇپەتتىشى بولۇپ ئىشلەيتتى. بە-

لال ئېزىزى ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن يولداش ما جاۋسۇڭ ئۇنى «خوتەن گېزىتى»ئىدارىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. بىلال ئېزىزى «خوتەن گېزىتى»دە ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدا چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بىرمۇنچە شېئىرلارنى يازدى ۋە ئۇنى گېزىتتە ئېلان قىلدى. شائىرنىڭ بۇ يىللار ئىچىدە يازغان ۋە ئېلان قىلغان شېئىرلىرى بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەش، مەدىنى ئاقارتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ياپون جاھانگىرلىگىگە قارشى تۇرۇش ۋە جۇڭگونى ئازات قىلىشتىن ئىبارەت يېڭىچە ئىدىيە بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىدى.

شائىرنىڭ «بىرلىك»، «مەكتەپ»، «ئوقۇش بىلەن»، «ئانا بىلەن قىز»، «كۈرەش بىلەن»، «ئاپرېل قىزىغا»، «دۈشمەن نىمە قىلماقچى»، «گۈزەل شىنجاڭ»...... قاتارلىق شېئىرلىرى ئەنە شۇ مەزمۇنلاردا يېزىلغان، بۇ شېئىرلار خوتەن ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارنى فېئودالىزىمنىڭ مۇدھىش ئاسارىتىگە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان.

1937 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى شەھىرىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، مىللى تەسلىمچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەم ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئاممىۋى ھەركىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. يەنئەن ۋە شاڭخەيدە نەشر قىلىنىۋاتقان تۈرلۈك گېزىت-ژورناللار، سىياسى، ئەدەبى كىتاپلار، 30 - يىللار ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالىلار توپلاملىرى، لوشۇن،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

گورمورۇ، ماۋدۇن قاتارلىق جۇڭگو يېڭى مەدەنىيەت ھەر-كىتىنىڭ ئاتاغلىق ۋەكىللىرىنىڭ ئەسەرلىرى. سوۋېت ئىت-تىپاقىدا نەشر قىلىنغان ماركسىزم-لېنىنىزم كىلاسسىكلىرى، ئەدەبىيات-سەنئەت نەزىرىيىلىرى. رۇس ۋە سوۋېت ئەدە-بىياتى نەمۇنىلىرى، سوۋېت ئوتتۇرا ئازىياسىدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تاتار يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى شىنجاڭغا تارقىلىشقا باشلىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەن-گەن كىنو فىلىملىرى قويۇلدى. ئۇندىن باشقا ئۈرۈمچىدە يەنە ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ تىللىرىدا «شىنجاڭ گېزىتى»، ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىك-سەپ»، «يېڭى نۇر» قاتارلىق ژورناللار نەشر قىلىنىشقا باشلىدى.

بۇ گېزىت-ژورناللاردا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-سى مەركىزي كومىتېتىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش توغرىسىدىكى خىتاپنامىلىرى، پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمەتلىرى ھەققىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرى، خەلقارا ئوبزورلار، دۇنيا خەلقىنىڭ فاشىزىمغا قارشى كۈرەش پائالىيەتلىرى، ئۈرۈمچىدىكى كەڭ زىيالىلار ۋە ئىنقىلاۋىي ياشلارنىڭ يۇقارقى مەزمۇنلار ئاساسىدا ياز-غان شېئىر، داستان، ھېكايە، فېليەتون ۋە باشقا ژانىردى-كى ئەدەبىي ئەسەرلىرى داۋاملىق بېسىلىپ تۇردى. بىلال ئېزىزى قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردە نەشر قىلىنىۋاتقان ئەنە شۇ گېزىت، ژورناللارغا مۇشتىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا بېسىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى خوتەندىكى ياش

ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆگەندى، بو-
لۇپمۇ شۇ چاغلاردا شائىر لوتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «شىنجاڭ
گېزىتى»دە ئۈزلۈكسىز بېسىلىپ تۇرغان شېئىرلىرىنى سۆ-
يۈپ ۋە ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن ئوقۇيتتى ۋە ئۇنىڭ
ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى قېتىقىنىپ ئۆگىنەتتى. ئۇزىمۇ ئە-
دەبىي ئىجادىيەت بىلەن قىزغىن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان
ئىدى. بىلال ئېزىزى ئەنە شۇ شارائىتتا—1942-يىلى
ئۈرۈمچىگە كەلدى. شائىر بۇ جۇشقۇن ھاياتتىن ناھايىتى
مەمنۇن بولۇپ "مەن ئىلىم-پەن، مەرىپەت قوينىغا كىر-
دىم، ئەندى شېئىرىيەت گۈللىرىنى كوكسۇمگە قادايمەن"
دىگەن ئىدى.

بىلال ئېزىزى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۇزۇن ئوتمەي
شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن تونۇشتى ۋە مەڭگۈ بۇ-
زۇلماس ئىنقىلاۋىي دوستلۇق ئورناتتى.

لېكىن شىنجاڭدىكى ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقان ئىنقىلاپ
ۋەزىيىتى ئۇزۇنغا بارمىدى، شىنجاڭ خەلقىنى بىرمەزگىل
ئالداپ يۈرگەن قانخور جاللات شىڭشىسەي 1942-يىلى
6-ئايدا ئۆزىنىڭ ساختا چومپەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە شىنجاڭ خەلقى
بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان ياۋۇز ئەپتى-بەشىرىسىنى ئاشكا-
رىلىدى. جياڭ جيېشى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەۋات-
قان يولداش چېن تەنچۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق
مۇنەۋۋەر ئەزالىرىنى قولغا ئالدى، كېيىن ئۇلارنى ۋەھ-

شىلەرچە ئولتۇردى، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنى چەكلىدى. ئىلغار گېزىت ژۇرناللارنى ئوقۇش ۋە نەشر قىلىشتىن توختاتتى.

1943 - يىلىغا كەلگەندە ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلەشتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنقىلابىي كۈرىشى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

لېكىن بىلال ئېزىزى زوراۋانلىق ئالدىدا بوشىشىپ قالمىدى. ئۇ، شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىرلىكتە كۈرەش سەھنىسىگە چىقىپ، خەلقنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدىغان نۇرغۇن شېئىرلارنى يازدى. ئۇزىنىڭ يالقۇنلۇق مىسرالىرىدا جاپاكەش خەلقنىڭ مۇڭ-زارىنى، يۈكسەك ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئىپادىلىدى.

شائىرنىڭ بۇ يىللار ئىچىدە يازغان شېئىرلىرى كۈچلۈك ئىسيانكارلىق روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان. شائىرنىڭ «يولدىشىمغا»، «غەزەل»، «مۇستەھزاد»، «گۈلۈمگە» دېگەن شېئىرلىرى يۇقۇرقى جۈملىمىزنىڭ مىسالىدۇر.

1943 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىنى فاشىستىك ئاق تېرورلۇق قاپلىدى. مىللەتنىڭ ئېسىل پەرزەنتلىرى تۈركۈملەپ گومىنداڭ تۈرمىلىرىگە تاشلاندى ۋە ئولتۇرۇلدى. بۇ ۋاقىتتا نۇرغۇنلىغان ئىنقىلابىي زىيالىلار جۈملىدىن بىلال ئېزىزىمۇ گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن تەقىپ ئاستىغا ئېلىندى. نەتىجىدە بىلال ئېزىزى شۇ يىلىنىڭ ئاخىرلى-

رىدا ئاقسۇغا ھەيدەلدى. ئۇ ئاقسۇغا كېلىپلا شائىر لوتـ-پۇللا مۇتەللىپ بىلەن كورۇشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە جاپالىق ئىنقىلاۋى كۇرەش پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇردى.

بىلال ئېزىزى ئاقسۇدا كىشىلەر قەلبىنى ئويغۇتىدىغان «كوكىۇل»، «مارت شامىلىغا خىتاپ» قاتارلىق بىرمۇنچە ياخشى شېئىرلارنى يازدى ۋە گېزىتتە ئېلان قىلدى.

1945 - يىلىنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئاقسۇنى مۇدھىش قارا بۇلۇت قاپلىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى دېموكراتىك كۇچلەرنى رەھىمسىزلەرچە باستۇردى. خەلقنى تالان تاراج قىلىشنى جىددىلەشتۇردى. بىلال ئېزىزنىڭ ئارقىسىغىمۇ يوشۇرۇن پايلاقچىلارنى ئورۇنلاشتۇردى.

بىلال ئېزىزى بۇ زۇلمەت ئىچىدە تەمتىرىمەي، تېخىمۇ مەردانىلىق بىلەن كۇرەشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭدى ۋە شۇ يىلى «يىللارغا سوئال» ناملىق شېئىرنى يازدى. شائىر چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بۇ شېئىردا ئوزىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، چىرىگەن زۇلمەتلىك دۇنيا بىلەن ئاخىرغىچە كۇرەش قىلىدىغان قەھرىمانانە يۇرەك خىتاۋىنى جاكا قىلدى:

....................................

سىلەر كېلىپ ئومرۇمگە قەست قىلغاندا،
مەنمۇ ھازىر كۇرەش ئۇچۇن دەل شۇ مەيداندا.

.............................................

جەڭ قىلسەن غەيرىتىمدىن ھوسۇل ئېلىشقا،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

دۈشمەنلەرنىڭ قەستلىرىنى بىت-چىت قىلىشقا.

..................

ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان «ئولمىسۇن»، «يىگىت» ناملىق شېئىرلىرى بىلال ئېزىزنىڭ شېئىرىيەتتە يېڭىچە يۈكسىلىشتىن دالالەت بەردى.

بىلال ئېزىزى ئەينى يىللاردا كوزگە كورۇنگەن شائىر بولۇپلا قالماي، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئاۋانگارت جەڭچى ئىدى. ئۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق ئىنقىلاپچىلار بىلەن بىرلىشىپ، تەشكىللىنىپ قوراللىق قوزغىلاڭ كوتىرىشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن 1945-يىلى 5-ئايدا قولغا ئېلىنىپ، شۇ يىلى 9-ئايدا گومىنداڭ تۈرمىسىدە ۋەھشىلەرچە ئولتۈرۈلدى.

بىلال ئېزىزى خۇددى لۇتپۇللا مۇتەللىپكە ئوخشاش ۋەتەننى، خەلقنى قىزغىن سۆيەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئازاتلىق يولىدا ئېزىز جېنىنى قۇربان قىلدى.

بىلال ئېزىزى ئاز ئۆمۈر كوردى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا چەكلىك ھاياتىدا كەلگۈسى ئەۋلاتلار ئۈچۈن قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى 30-يىللار ئاخىرىدىكى يالقۇنلۇق كۈرەش تارىخى، شۇنداقلا ئازاتلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان قانلىق جەڭلەرنىڭ شانلىق سەمەرىسىدۇر.

بىلال ئېزىزنىڭ شېئىرلىرى ۋە ئۇنىڭ نامى ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ نۇرلۇق سەھىپىسىدىن ئۆچمەيدۇ.

## بىرلىك

يۇرتىمىزنى ھەممە مىللەت بىرلىك بىلەن ئوڭلايمىز،
بىزگە قارشى جاھانگىرنى پاك ۋەتەندە قويمايمىز.
ھەم ئۇلارنىڭ قۇيرىغىنى زادى قويماي قوغلايمىز،
زالىم قانخور دۈشمەنلەرنىڭ يۈرەك باغرىن داغلايمىز.

كېچە - كۈندۈز تەرەققىمىزنىڭ يولىغا بىز بەل باغلاپ،
بىزگە غەمخور شۇرالارنى دوستىمىز دەپ چاغلايمىز.
ئولكىمىزنى شۇم ھەم ئىپلاس زالىملاردىن ساقلايمىز،
ھەممە جۇڭگو ئەللىمىزنى جاھانگىردىن پاكلايمىز.

ئولكىمىزگە ئىشلىمەكتىن ھېچقاچاندا قالمايمىز،
خەلقىمىزنىڭ ئىقبالى ئۈچۈن چېلىشىشتىن ھارمايمىز.
بارلىق مىللەت شىنجاڭدا ھارماي - تالماي ئىشلەيمىز،
قولىغا - قولنى تۇتۇشۇپ بىرلىكتە بىز ياشايمىز.

ھەي جاھانگىر، ئوست ئۆز، بىز يولۇڭغا يۈرمەيمىز،
بىزلەر ئەمدى كۈچەيدۇق، سەندىن ھەرگىز قورقمايمىز.
ساقلايمىز بىز تىنچلىقنى، ھەرگىز ئۇنى بۇزمايمىز،
تىنچلىقنى بۇزغانلارغا بىزمۇ قاراپ تۇرمايمىز.

1936 - يىل. 24 - سىنتەبىر.

## مەكتەپ

مەكتەپ نۇرلار باغىدۇر
دىل چىراغى ياغىدۇر.
مەرىپەتلەر تاغىدۇر،
جانغا راھەتتۇر مەكتەپ.

ئۇلۇغتۇر مەكتەپ شانى،
ھۆرىيەتنىڭ مىزانى،
مەدىنىيەتنىڭ مەيدانى،
جايى ئىبرەتتۇر مەكتەپ.

مەكتەپ دۇنيا زىننىتى،
يەر يۈزىنىڭ جەننىتى،
جاھاندا بار ھۆرمىتى،
قەدرى قىممەتتۇر مەكتەپ.

مەكتەپ بىلىم گۈلزارى،
تەرەققىنىڭ باھارى،

گۈھەرلەرنىڭ بازارى،
ئەجەپ ھەيۋەتتۇر مەكتەپ.

قاراڭغۇلۇقتىن ئاقارتىش،
ئىنسانىيەتكە تارتىش،
ئۈستۈن تەرەپكە ئارتىش،
ياخشى ئورۇندۇر مەكتەپ.

زۇمرەت ئىگىز ئاسمان،
ئوغۇل - قىزغا مېھرىۋان،
سۈت بەرگۈچى قەدىردان،
ئۇلۇغ دولەتتۇر مەكتەپ.

ئاتا - ئانام بولدى چال،
ئاكا - ئوكام بىلىم ئال!
بارچە دوستلار بىلىپ قال!
چوڭ سائادەتتۇر مەكتەپ.

1936 - يىل، ئوكتەبىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئوقۇش بىلەن

ئوقۇش ـ بىلىم ۋەتەنىنى
ئاۋاتلىققا يەتكۈزەر.
ئاسارەتتىن قۇتقۇزۇپ
ئازاتلىققا يەتكۈزەر.

كوڭلى سۇنۇق مېھنەتكەش،
دىلى ئۈزۈك جاپاكەش،
يېتىملەرنى ئاقىۋەت
دىل شاتلىققا يەتكۈزەر.

جاھانگىرلار ئويلىما!
بىزگە يامان قارىما!
ۋىجدانىمىز سەنلەرنى،
پەرياتلىققا يەتكۈزەر.

ئوقۇپ بىلىپ يېتىشسەك،
بىرلىك بىلەن بىلىشسەك.

زالىم جاھانگىرلارنى،
بەرباتلىققا يەتكۈزەر.

ۋەتەننى بىز ساقلىساق،
ئوقۇش بىلەن ئاقلىساق،
جاھانگىرلار قۇيرىغىنى،
ۋاي داتلىققا يەتكۈزەر.

1936 - يىل. ئوكتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## گۈزەل شىنجاڭ

گۈزەل شىنجاڭ
كەڭ قوينىڭدا،
ئىش دەۋرانىڭ—
ئېچىلغان.

بۇ مۇقەددەس—
ئىشنىڭ نۇرى،
خەلقىمىزگە
چېچىلغان.

ھەممە يەردەك—
ئىشلەمەكتە،
سېنى يېڭىلاپ—
قۇرۇشقا.

خىزمەت بىلەن،
ئەمگەك بىلەن،

سىنى بوستان—
قىلىشقا.

قېنى بۈگۈن
سەندە زورلۇق،
ئەلنى ئەزگەن—
ئاسارەت؟

ئەلگە كەلگەن
هور زامانەڭ
ئەركىن باشاش—
سائادەت.

تۇمان باسقان
ئاسمىنىڭدا،
هاۋا كېمەڭ
ئۇچماقتا.

رادىيو هەم
ئېلېكتىرلەر،
سايرىماقتا،
يانماقتا.

نادانلىقلار
تۈگەپ بارار،
خەلق قولىدا
قەلىمى.

ۋەيران قىلار
جاھالەتنى
مەرىپەتنىڭ
ئەلىمى.

گەدىنىگدە
ۋەزىپەڭ كوپ،
ئىلمىي ھېكمەت
تىپىشقا.

كەڭ جۇڭگونىڭ
قوينىنى
زۇلۇمدىن ئازات
قىلىشقا.

1936 - يىل، دېكابىر.

# كۈرەش بىلەن

ئاجايىپ چىرايلىق گۈللىگەن ماكان،
بۈزۈلسا، كۆل بولسا قايناپ ئىسسىق قان.
ۋەتىنىم دۈشمەنى ياپون قانخورنى
ئۈرۈشقا، قىرىشقا مەسئۇل ھەر بىر جان.

ئازاتلىق ئۇرۇشنىڭ زور غالىبىيىتى،
دولقۇنلاندى ھەر بىر جايدا شانۇ-شەۋكىتى.
يېقىنلاشتى غالجىرلارنىڭ مەغلۇبىيىتى،
ھەققانى كۈرەش نامۇس سەنئىتى.

گۈل-گۈلستان باغلاردا ئەركىنلىك بىلەن،
كېچە-كۈندۈز ئىشلەيمىز زوقىمىز بىلەن،
كۈرەش—چېلىش بۈيۈك ماياك بىزگە نىشان،
ئالغا قەدەم تاشلىدۇق ئىتتىپاق بىلەن.

قايناق نىيەت باشلىغۇەتتى ئۇلۇغ كۈرەشنى،
ئالغا چامداش— يېڭىشنىڭ ئۇلۇغ نىشانى.
كۈرەش بىلەن پاكلىنىپ ۋەتەننىڭ دېغى،
قولغا كېلۇر شۇندا شەرەپ ۋە شانى.

1938 - يىل.

# ئاپرېل قىزىغا

ئاپرېل قىزى، بۈگۈن ئازات، ھۆر بولغان كۆڭلۈڭ،
شاتلىقىڭنى سۆزلە ماڭا، ياڭرىسۇن ئۈنۈڭ.

مەغرۇرانە ئوينايدۇ قارا كۆزلىرىڭ،
دەرتكە داۋا، مەرغۇپ ناۋا شېرىن سۆزلىرىڭ.

يېڭى شىنجاڭ گۈلزارىدا غەمسىز يايرايسەن،
نۇرلۇق ھايات غۇنچىسىگە قاراپ سايرايسەن.

ئىشلە، ساڭا كۆز تەگمىسۇن ياشا كۆل يايرا!
پەن-مائارىپ گۈلزارىدا بۇلبۇلدەك سايرا!

لېكىن يەنە "ئۆتكەن كۈنىڭنى ھەرگىز ئۇنۇتما!"
دۈشمەن مەككار، ئىچ-سىرىڭنى مۇتلەق تونۇتما!

ئويلاپ كۆر، ئۆتمۈشۈڭگە كۆز ئېچىپ قارا،
ھاياتىڭ بەك ئېچىنىشلىق ئىدى قاپقارا.

بىر تەرەپتىن، زامانەنىڭ زۇلمى ئېزەتتى،
"ئالۋاستىلار" دىللىرىڭغا ھەسرەت تىزاتتى.

بىر تەرەپتىن، تۇرلۇك، تۇرلۇك ئەپسانىۋى گەپ؛
"ئايالىلارنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا" دەپ.

"مەھبۇس" قىلىپ، "قۇل" دەپ بىلىپ قولغا ئالاتتى،
كۈن كورۈنمەس زىندان ئارا بەنت قىلاتتى.

بىر تەرەپتىن ۋىجدانسىزلار تاجاۋۇز قىلىپ،
نومۇسىڭغا يىرگىنىشلىك داغلىق ئېز سىلىپ،

قان يالىغان ئۇ زاماننى بىت-چىت قىلدۇق،
ۋەھشى، قانخور دۈشمەنلەرنىڭ باغرىنى تىلدۇق.

دەريا سۇيى ئوكيانغا قويۇلغاندەك
تەرتىپ بىلەن قانۇنىيەت قوشۇلغاندەك،

كۆرەش بىلەن ھەقىقى يولغا ئېرىشتۇق،
بۇ يول بىلەن مەخسەت ئۇچۇن قەتئى تىرىشتوق.

پەن-مائارىپ ئىشىكلىرى كەڭرى ئېچىلدى،
مەرىپەتنىڭ پاك نۇرلىرى دىلىغا چېچىلدى.

ئەنە قاراڭ، ئەمدى قىزلار ئېچىلغان گۇلدەك،
مەرغۇللىشىپ سايراشماقتا مەغرور بۇلبۇلدەك.

چاراڭلايدۇ، شوخ قىزلارنىڭ غەزەل ـ ناۋاسى،
جانغا راھەت، ئۇلكىمىزنىڭ سۈزۈك ھاۋاسى.

..........................................

ئەڭ ئاخىرقى نىشان ئۇچۇن بەلنى چىڭ باغلاپ،
بۇزۇق نىيەت ۋەھشىلەرنىڭ دىلىنى داغلاپ.

ھەرقانداق زور مۇشەققەتتىن قورقماي ھەم يانماي،
قىيىنچىلىقتىن قېچىپ، خەلقتىن تانماي.

ئىتتىپاقنى مۇستەھكەملەپ جۇرئەتلىك بىلەن،
بارغانسېرى تېز قەدەملەپ سۇرئەتلىك بىلەن.

ئۇستىمىزگە كەلگەن خەۋپنىڭ ۋەھمىنى بىلىپ،
نەسىل قۇرۇپ كەتمەسلىككە تېز ئامال قىلىپ.

ئوز خۇسۇسى مەنپەئەتنى ئارقىغا تاشلاپ،
سەبداشلارغا ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە باشلاپ.

ئازات جۇڭخۇا قۇياشىنىڭ شەۋقى ئاستىدا،
بۇيۇك بىرلىك ئىلھامىنىڭ زەۋقى ئاستىدا.

ئاپرېل قىزى، ۋىجدان بىلەن ئالغا چامداڭلار!
خەلقىمىزنىڭ ئۇمىدىنى تولۇق قامداڭلار!

1938 ـ يىل، ئاپرېل.

## ئانا بىلەن قىز

(ئېيتىشىش)

ئانا: قىزىم ساڭا ئوبدان يەردىن خېرىدار كەپتۇ،
تويلۇغۇڭغا تاۋار - دۇردۇن ھەم مەخمەل ئاپتۇ،
ساڭا ئۇ باي شايى تامبال، كوك ئەتلەس كوينەك،
ئۇپا - ئەڭلىك، تاغاق - سۇزگۇچ، بىرجۇپ تاش ئەينەك،
ئالتۇن زىرە، قوللىرىڭغا كۇمۇش بىلەيزۇك،
ئۇنچە - مارجان، بويۇن تۇمار، ياقۇت كوز ئۈزۈك؛
ئۇندىن باشقا ئونمىڭ دوللار پۇل بېرەي دەپتۇ.
ماڭا تېخى نەچچە قەۋەت سىرۇپاي... قىپتۇ،
ئامراق بالام، تەلىيىڭگە رەھمەت يېغىپتۇ،
قولى ئۇچۇق، سېخى بايدىن شەپقەت يېغىپتۇ،
بۇ خوش خەۋەر، جېنىم بالام سەنمۇ ئۇقۇپ قوي،
بۇگۇن ئەتە بولۇپ قالار شاراپەتلىك توي.

قىز: جېنىم ئانا، سىزگە خىزمەت قىلالمىدىممۇ؟
بىلمەسلىكتىن، قاتتىق - قۇرۇق سوزلەر قىلدىممۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مېنىڭ قايغان ئىشلىرىمدىن تېرىكتىڭىزمۇ؟
كېچە - كۈندۈز بىللە يۈرۈپ زېرىكتىڭىزمۇ؟
ئوقۇشۇمدىن ئايرىۋېلىپ ئەلەم قىلدىڭىز،
دوستلىرىمغا كورسەتمەي، غەمگە قويدىڭىز.
جېنىم ئانا، توي توغرىلىق ھەرگىز سوزلىمەڭ،
ئويلاپ بېقىڭ، ئىنساپ قىلىڭ، پۇلنى كوزلىمەڭ.

ئانا: قىزىم، يېشىڭ كىچىك ئەمەس ئون ئۈچكە تولدى،
بىرنەچچە يىل ئوقۇپ ئالدىڭ يېتەرلىك بولدى.
چوڭ سارايىنىڭ تورىگە خېنىم بولسەن،
يەپ - ئىچكىنىڭ تەنگە سىڭىپ ئايدەك تولسەن،
ئوي - جايى بار... مال - مولكى بار بۇ بايغا تەگسەڭ،
دۈشمىنىڭنى غەمكىن قىلىپ بويىن ئېگسەن.
قىزىم سېنىڭ ئىچ - سىرىڭنى ياخشى بىلىمەن،
مەرتىۋەڭنىڭ ئوسۇشىگە دۇئا قىلىمەن.

قىز: ھەرباھاردا گۈل ئېچىلىپ بۇلبۇل سايرىسا،
ئاداشلىرىم ئالمىي ئىرپان بېغىدا يايرىسا.
قوش خوتۇنلۇق چالغا تېگىپ قانلىق ياش توكسەم،
ھەسرەت، ئەلەم دەرياسىنىڭ لايىغا چوكسەم.
كۈندەشلىكنىڭ جاپالىرى دىلىمنى چاقسا،
ياش ئورنىغا يىرىڭ زەرداپ، قاراقان ئاقسا،
نا مۇۋاپىق ھاقارەتلەر نومۇس ئەمەسمۇ؟
ئەل - خالايىق ئوز قىزىنى ساتتى دىمەسمۇ؟

ئانا: بەڭۋاش شوم، سوز تالاشما، داداڭغا دەيمەن،
ئېيتقىنىمغا ئۇنىمىساڭ، گوشۇڭنى يەيمەن.
كوپ سوزلىمە، سېنىڭ بارلىق سوزۇڭنى بىلدىم،
سېنى تۇغۇپ، ئاسراپ بېقىپ ئادەمدەك قىلدىم.
مەن تىرىكمەن، نىمە دىسەم سەنمۇ شۇنى بىل!
مەن قېرىدىم، ئولگەندىن كېيىن بىلگىنىڭنى قىل!
مەن ئاناڭمەن، سەن بالامسەن، مەيلىم ئوزەمنىڭ،
خاتاسى يوق، ساڭا ئېيتقان بارلىق سوزۇمنىڭ.

قىز: جېنىم ئانا، ياش جېنىمغا ئوتنى ياقامسىز؟
ئىلان - چايان، زەھەر بولۇپ مېنى چاقامسىز؟
ئېچىلمىغان ياش غۇنچەم سارغىيىپ سولسا،
قىزىلگۇلدەك ياش چىرايىم زەپىران بولسا،
قاپقاراڭغۇ زىنداندا ئويدە قىينالسا جېنىم،
ئاندىن ماڭا ياخشىراقتۇر، توكۇلسە قېنىم.
بۇرۇن سىزمۇ ھەسرەت بىلەن ئىڭرايتتىڭىزغۇ؟
قانلىق ياشلار توكۇپ دايىم يىغلايتتىڭىزغۇ؟
سىزنىڭ قىلغان دەرت - ئەلەملىك پەرياتلىرىڭىز،
تۈن بويىچە تەكرار ئېيتقان ئاھ... داتلىرىڭىز.
تاغۇ تاشقا تەسىر قىلىپ جاراڭلاپ كەتكەن،
ئاۋازىڭىز دولقۇن ئۇرۇپ پەلەككە يەتكەن.
ئۇتتۇمۇشنى بىر ئويلاپ بېقىڭ قانداق ئىدىڭىز؟
جېنىم ئانا بۇگۇن ماڭا نىمە دىدىڭىز؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

**ئانا:** جېنىم بالام، ئېزىپتىمەن، ئەپۇ قىلغىن سەن،
پۇلنى كۆرۈپ ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپتىمەن مەن.
بۇرۇن مەنمۇ ساڭا ئوخشاش يىغلىغان ئىدىم،
ساڭا قىلغان سۆزلىرىمدىن پۇشايمان يېدىم.
كۈندەشلىكنىڭ جاپالىرى سېنى چاقمىسۇن،
سەل ياشلىرىڭ قان-زەرداپتەك بولۇپ ئاقمىسۇن.
ئېچىلىۋاتقان ياش غۇنچەڭ غازاڭ بولمىسۇن،
ئامراق قىزىم، شوخ كۆڭلۈڭ دەرتكە تولمىسۇن.
قىزىم، ھۆسنۈڭ ئايدەك تولۇپ گۈلدەك ئېچىلسۇن،
تەلىيىڭگە كىر قونمىسۇن، نۇرلار چېچىلسۇن.
سېنى مۇرات-مەقسىدىڭگە راسا قاندۇراي،
باي ئەۋەتكەن ئەلچى بىلەن چايىنى ياندۇراي.
ئوقى قىزىم، بىلىم ئالغىن مەكتەپ بېغىدا،
ئاتا-ئاناڭ كۆز نۇرىڭنىڭ ھايات چېغىدا،
يۈكسەك تاغدا باھاردىكى مەغرۇر كېيىكتەك،
كۆكلەم چېغىدا سايرايدىغان غەمسىز كەكلىكتەك،
سەھەرلەردە شوخ ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك،
سايرا قىزىم، گۈل شېخىغا قونغان بۇلبۇلدەك.
ئىشلە بالام، ۋەتىنىڭگە، شۆھرىتىڭ ئاشسۇن.
جاسارىتىڭ، شىجائىتىڭ بۇلاقتەك تاشسۇن.
ئەرلەر بىلەن تەڭ ئالغا باس، ئارقىدا قالما!...
جەسۇر نامىڭ جاراڭلىسۇن، ھورۇن نام ئالما!

..................................................
..................................................

قىزلار، ئازات قىزىم بىلەن ئالغا چامداڭلار!
سىزدىن كۈتكەن ئۈمىتلەرنى تولۇق قامداڭلار!
غەيرەت بىلەن تىرىشىڭلار، تارىخ ئاقلانسۇن!
سىزلەر باسقان نۇرلۇق ئىزلار مەڭگۈ ساقلانسۇن.

1940 - يىل.

.......................................................

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## دۈشمەن نىمە قىلماقچى؟

ئەمگەك بىلەن زىننەتلەنگەن ماكانلارنى،
مەدەنىيەت مەھسۇلاتى ھەم كانلارنى،
يەن - تېخنىكا، گۈزەل سەنئەت ئىجاتلارنى،
ئوتقا يېقىپ بۇزۇپ، چېچىپ كۆل قىلماقچى.

ساپ كۆڭۈللۈك ھەققەتنى سۆيگەنلەرنى،
قورقماس يۈرەك، ھارماس بىلەك باتۇرلارنى،
ۋەتەن ئۈچۈن جاندىن كەچكەن ئەر - ئايالنى،
قىرىپ تاشلاپ مەقسىدىگە پات يەتمەكچى.

باشقىلارنىڭ يېرىدىكى بايلىقلارنى،
چارۋا بىلەن تولغان گۈزەل يايلاقلارنى،
تۈگىمەس ئىقتىسادى مەنبەلەرنى،
تولماس خالتا بانكىرلارغا يەم قىلماقچى.

بۈيۈك سوۋېت رېسپۇبلىكىلار ئىتتىپاقىنى،
ئۇندىن باشقا دېموكراتىك دولەتلەرنى،

يۇلۇپ تاشلاپ يەر يۈزىدىن ھەقىقەتنى،
كاللا كېسەر ھاكىمىيەتنى ئورناتماقچى.

گىتلېر قانخور، ئاچ - بورىلەر بەش - تۆتى،
ئادەم قىرماق كېچە - كۈندۈز پىكىر قەستى،
قىتئەلەرگە جەسەت بىلەن قان تولدۇرۇپ،
كۆرسۈك ئىتلار غالجىرلىشىپ تالاشماقچى.

ھەر ماكاندا گاز، تۈتەكتىن زەھەر چېچىپ،
توپ - زەمبىرەك پىلمۇتتىن ئوتلار ئېچىپ،
يىڭنە يۇتقان ئىتتەك غىڭشىپ قانلار ئىچىپ،
تېچلىقپەرۋەر ئەللەرنى بۇ، قورقاتماقچى.

ھەقىقەتنى سويگۇچىلەر، ئالغا ئاتلا!
قانلىق كۆرەش مەيدانىدا نومۇس ساقلا!
فاشىزىمغا قارىلاتما ساپ تارىخىڭنى،
ئالغا بېسىپ كۆرەش بىلەن يۈيۈپ ئاقلا!

1942 - يىلى، 17 - سېنتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ۋەتەن خىسلەتلىرى

بىزنىڭ ۋەتەننىڭ كەڭ تۇپرىغىدا،
باغۇ - بوستانلار چېچەكلەپ ياتىدۇ.
ئېسىل پەسىللىرى، كوكلەم باھارى،
ساپ ھاۋالىرى تەڭگە ياقىدۇ.

خۇاڭخې، چاڭجياڭ كوۋۈكلەر ئېتىپ،
كۇمۇشتەك ھەريان شاقىراپ ئاقىدۇ.
شاقىراتمىلار — سۇرلۇك قايناملار،
دۈشمەن كېمىسىنى كومۇرۇپ ئاتىدۇ.

بىزنىڭ ۋەتەننىڭ قازما بايلىقلىرى،
يەر ئاستىدا مول، كولانماي ياتىدۇ.
زور ئىستىھكام، ئالتۇن تاغلىرى،
ئېگىز ئورلىگەن كوكتىن ئاشىدۇ.

بىزنىڭ ۋەتەننىڭ گۈزەللىكىگە،
دۈشمەن چىدالماي ھامان قوترايدۇ.

جۇڭخۇا باللىرى جەڭگە چىققاندا،
ۋەھشى غالجىرلار موكۇپ قاترايدۇ.

بىزنىڭ ۋەتەننىڭ باھادىرلىرى،
تەنتەنە بىلەن فرونتقا ئاقىدۇ.
ئىنسانىيەتنى قايىل قالدۇرۇپ،
دۈشمەن سېپىنى ئۇرۇپ چاقىدۇ.

بىزنىڭ ۋەتەننىڭ جەسۇر قىزلىرى،
ئەرلەر بىلەن تەڭ ۋەتەن ساقلايدۇ.
قانلىق مەيداندا غەيرەت كۆرسىتىپ،
نومۇس دېغىنى يۇيۇپ ئاقلايدۇ.

بىزنىڭ ۋەتەننىڭ پارتىزانلىرى،
ئارقا سەپتە دولقۇنلاۋاتىدۇ.
تۈيدۈرماي چاققان ھەركەت بىلەن،
دۈشمەن گورىنى كولاۋاتىدۇ.

بىزنىڭ ۋەتەننىڭ ئۇزۇن تارىخى،
داڭقى چىققان گويا قەھرىمان.
ھەر بىر دىلدا جۇشقۇن ھەۋەسلەر،
قايناپ ـ تاشقان ماھىر ئىجاتچان.

بىزنىڭ ۋەتەننىڭ ئوتمۇش كۈنلىرى،
زەھەردىن، ئاچچىق قارا زىمىستان.
دىللارغا ھۇزۇر پارلاق كەلگۈسى،
كۈندىن يورۇقراق بىزگە شەرەپ-شان.

شۇنداق ۋەتەننىڭ ئوغۇل-قىزلىرى،
مەھكەم بىرلىشىپ ئالغا باس ئىلدام.
توزىسۇن دۈشمەننىڭ ئىپلاس كۆللىرى،
دىلدا ئىرادەڭ يالقۇنلۇق ئىلھام.

1943-يىل 3-ئىيول.

## ۋەتەن ئۇچۇن

ۋەتەن يۈرەك باغرىڭ ۋە مېھرىڭ سېنىڭ،
ۋەتەن ئۇچۇن قايغۇر، ۋەتەن ئۇچۇن كۈل،
ۋەتەن يولىدا تامچىلاپ ئاقسۇن قېنىڭ،
بەخت ئۇ، ۋەتەن ئۇچۇن قانلىق جەڭدە ئۆل.

تېنىڭ تاغلىرى، گۈلباغلىرى، باھار چاغلىرى،
شەھەر - يېزا، قىشلاقلىرىڭ ئالتۇن تۇپرىقى.
سېنىڭ ھايات تارازىڭدۇر، ساي - دەريالىرى،
ساڭا ھەتتا سايىۋاندۇر ھەربىر ياپرىقى.

ۋەتەن ئۇچۇن توكۈلگەن قان زادى سوۋۇماس،
ۋەتەن ئۇچۇن دەسسىگەن ئىزغا زادى كىر قونماس.
ۋەتەن ئۇچۇن تەۋرىگەن خەلق زادى يېڭىلمەس،
ۋەتەن ئۇچۇن قۇربان بولغان ئەزەلگە ئۆلمەس.

1943 - يىل، ئىيول.

## يولدىشىمغا

ئومۇر ئېقىپ، ئېقىن سۇدەك كېتەر ھەرقايان،
بەزى سۈزۈك، بەزى دوغاپ، ھەتتا بەك قىيان.

ئىرىشساڭ سۇ سايلىنىپ ئۇيناپ ئاقىدۇ،
ئىرىشمىساڭ بۇ قىممەت سۇ چولگە ئاقىدۇ.

سېكونت ۋاقىت سويگەن دىلبەر يارىڭدىن قىممەت،
شۇڭا ۋاقىت بوش كەتمىسۇن ئىرىش، قىل غەيرەت!

يىغى ـ ھەسرەت، قايغۇ ـ ماتەم، ۋەيران گورۇستان،
غەيرەت بىلەن بولغۇسىدۇر باغۇ ـ گۈلۈستان.

دوستۇم، بارلىق غەيرىتىڭنى دايىم ئىشقا سال!
ئىلىم ـ ئىرپان باغلىرىدا ھوزۇر ـ لەززەت ئال!

ئەي يولدىشىم، سەن ھەمىشە توغرى يولدا ماڭ!
ئالقىشلىسۇن ھەر مەنزىلدە سېنى سۈزۈك تاڭ...

توغرى يولدا ماڭغانلارغا خەۋپ - خەتەر يوق،
كېلىچىگى سائادەتلىك مەڭگۈ كوڭلى توق!

سائادەتنىڭ كەمىرىنى بەلگە باغلىساق،
ھەقىقەتنىڭ كېمىسىگە مەھكەم ئولتۇرساق.

ئۇكيانىنىڭ دولقۇنلىرى گۇمران قىلالماس،
ھېچقانداق توسقۇن ئارتقا بۇرالماس.

تىرىش، ئىشلە پۈتۈن دۇنيا بولسۇن بىر بوستان،
خارىزارلار، ئېگىز تاغلار بولسۇن گۈلۈستان.

سەن ياسىغان باغلار ئەۋلاتقا ياقسۇن،
ئۆمرۈڭ سۈيى ھېچ لايلانماي سۈپ - سۈزۈك ئاقسۇن.

1943 - يىل، 21 - ئۆكتەبىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## قەرزىمىز

ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ خىسلىتى شانلىق،
ئىككى يۈز يىللىق تارىخى قانلىق.

زالىم مەنچىڭنىڭ زۇلمى دەستىدىن،
ئەجدادلىرىمنىڭ ۋەھشى قەستىدىن.

بايلىقلىرىمىز چەتكە ئاقاتتى،
نومۇسلۇق داغلار دىلنى چاقاتتى.

بېشىمىزغا بالا - كۈلپەت ياغقاندا،
كوزلەردىن مۇنچاق ياشلار ئاققاندا.

"ھەقىقەت" دىگەننىڭ ئىسسىق قانلىرى —
توكۈلۈپ، خار بولدى، خانۇ - مانلىرى.

ئاققان قان چىقىراپ "ئىنتىقام ئال" دەپ،
ئاقاتتى "دۈشمەننى تاۋۇتقا سال!" دەپ.

مېھرىۋان ئەۋلات چىكىپ كوپ ئەلەم،
تۇزاقتىن قورقۇپ باسمىغان قەدەم.

بەگلەر ۋە خانلار ھەددىدىن ئېشىپ،
بورىدەك قاپساپ يۇرگەندە تېشىپ.

ئاشىق - مەشۇقنى كۇتكەندىكىدەك،
چولدە سۇ .ئىزلەپ ئوتكەندىكىدەك.

ئازاتلىق تاڭنى كۇتكەن ئىدۇق بىز،
ۋىجدانى قايناق دەرتلىك ئوغۇل، قىز.

يورۇپ كەلمەكتە ئېلىمنىڭ تېڭى،
توزۇپ پۇتمەكتە زۇلۇمنىڭ چېڭى.

ئۇتۇقنى ساقلاپ ئوسۇش قەرزىمىز،
ئەتىگە ئاتلاش بىزنىڭ پەرزىمىز.

1943 - يىل، نويابىر.

## مۇستەھزاد

تامام مەخلۇقنىڭ ئۇلۇغراقىدۇر ئىنسان،
ئىنسان بەك ئاقىل،
ئۇلۇغلىقى بولغاچقا كوكتە قۇش كەبى ئۇچقان،
شۇڭلاشقا قابىل.

ئىنسانىيەت قىلمىشى موجىزىلىك ھېكمەتتۇر،
ئىنسان قۇدرەتلىك،
بۇ ھېكمەتلەر ئۆزىدە ئاجايىپ سىر يوشۇرۇنغان،
بولما سەن غاپىل.

ئىنسان جەمىيەتىدە ھادىسىلەر مۇرەككەپ،
دەۋر يۈكسىلەر،
چۈنكى بۇ زاماندا، پەنلەر خوپ رىۋاجلانغان،
تەپەككۇر قىل!

مانا شۇنداق زامانىڭ سەنمۇ بىر كىشىسى سەن،
بىلىمگە تىرىش!
ئىزلە پەننى، بىلىمنى، ئارقىدا قالغان يامان،
ئالغا باس دادىل!

مۇھەببەت مېھرىنى چاچ، بارچە ئىنسانغا تەكشى،
بى مېھرى بولما!

كىشىگە پايدا كەلتۈر، لېكىن قىلمىغىن ۋەيران،
گەر بولساڭ ئادىل.
ھەقىقەت يولىدا ماڭ، ساڭا ئاپەت يولۇقماس،
ھەقىقەت ساقچى،
ۋىجدان ساقلا ھامان، ھەقىقەتتىن قوراللان،
كېلەلمەس قاتىل.
جاھالەت ئوڭ كوزىنى ئادالەت ئوقىدا ئات!
ساپ ۋىجدان بولساڭ،
ئادالەت قۇدرىتىدىن ئېلىپ كوڭلىڭگە دەرمان،
ئەلگە بول مايىل.
غەيۇر بولساڭ ئەزىزلىك ھورمىتى ساڭا مەخسۇس،
غەيۇر قىممەتلىك،
غەيۇرلارنىڭ دىلىدا قالمىغاي ئەپسۇس-ئارمان،
ئاڭا دىل قايىل.

1943-يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## گۈلۈمگە!

گۈلۈم خوشال ئوينايمىز، ۋەتەن ئازات بولغاندا،
قول تۇتۇشۇپ ياشايمىز، ۋەتەن ئاۋات بولغاندا.

بىز كوزلىگەن سۈزۈك تاڭ، بولغۇسىدۇر مۇيەسسەر،
ۋەھشى، قانخور دۈشمەنلەر، چوقۇم بەربات بولغاندا.

ھەسرەت، ئەلەم، قايغۇلار دىلنى قاپلاپ تۇرالماس،
بىز مەخسەتكە يېتىمىز، دىلدا مۇرات بولغاندا.

ۋەتەن ئۈچۈن قايغۇرغان ۋەتەنپەرۋەر بولىمىز،
ۋەتەن ماڭا شىرىن، ساڭا پەرھات بولغاندا.

مۇھەببەتنىن زوقلىنىپ، گۈلۈم ئالغا چامدايلى!
قىلىچ-نەيزە كار قىلماس، كوكرەك پولات بولغاندا.

يىغا، ھەسرەت يولى بىلەن، مەخسىدىمىز ھەل بولماس،
كېچە-كۈندۈز ئىشىمىز ئاھۇ-پەريات بولغاندا.

گۈلۈم ھەرگىز قايغۇرما، جەسۇرانە ئەمەل قىل!
ھەر ئىشنى قىلىش مۇمكىن، چىن ئىتتىپاقات بولغاندا.

1943 - يىل، مارت.

## رۇبائىي

ئاھ، ئەسلىسەم تىترەيدۇ تېنىم،
ئاھ، قارا كوز تەسەددۇق جېنىم.

ئىشقىڭدا قىينىلىپ دەردىڭنى تارتتىم،
سىياقىڭ بەك ئەزدى، پىراقىڭ دائىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## زىيائى غەزىلىگە مۇخەممەس

ھاياتىڭ بى باھا گوھەر، خەبەرسىز تارمار قىلما!
كۆڭۈلنى تۇغرىلا ئەمدى، ئۆزەڭنى كىبىردار قىلما!
كېچە ـ كۈندۈز ھەقسىقەت، دە، ئۆزۈڭدىن ئۆزگە كار قىلما!
تۈزەت ئەخلاقنى يولداش! پەس خۇلۇقنى ئۆزگە يار قىلما!
مۇھەببەتلىك كىشى بول، بىۋاپالىقنى شۇئار قىلما!

كىشىگە ياخشىلىق ياخشى، تىرىشسا يەتكۈسى ئاگا،
تەئەسسۇپ بەزىلەر، دايىم يامانىنى ياخشى دەر تاگا!
ئۇ شۇنداق ۋەھشىلەر، كەلسە باشقۇزما سەن بوسۇغاڭغا!
بۇ كوك گۇمبەز تېگى بەلكىم زىرائەت ئورنىدۇر ساڭا،
ئۇرۇقنى تاللا، ياخشىغا يامانىنى ئىختىيار قىلما!

جاھاندا ياخشىلار كۈلسۇن! يامانلار قان قۇسۇپ ئۆلسۇن!
جاھان گۈلزارىدا ئۆتكەن تامام شۇم بۇيىلار سولسۇن!
ئادالەت تاڭلىرى ئاتسۇن! جاھانغا نۇر يېغىپ تولسۇن!
شۇمۇر يەڭ، ئەيلە خىزمەت! مەخسەدىڭ ئەل راھەتى بولسۇن!
تىرىش، ئىشلە! ۋە لېكىن ھېچقاچاندا دىل ئازار قىلما!

تەكەببۇرلۇق بىلەن ئىنسان ئاخىرى بولغۇسىدۇر قۇل!
يىراغراقتىن سوز ئاچقاندا كويۇپ كۇل بولغۇسىدۇر ئول.
قاراڭ! باغى نازاكەتكە ئاجايىپ ئىپتىۋاردۇر گۇل.
سەھەر گۇللۇكتە سايراپ غۇنچەگە دەر ئەردى بىر بۇلبۇل.
بولۇپ هوسنىڭگە مەغرۇر، باشقىلارغا ئىپتىخار قىلما!

غەيۇرلىك روھىدا بولغىن، هورۇنلۇق جانغا زور ئاپەت.
هاياتى ئاقسا لاي سۇدەك، قىلالماس هىچكىشى تاقەت.
ئادەمگەرلىك سۇپىتى ۋە شەرەپ - شانى ئۇلۇغ غايەت.
ئەدەپ، شەپقەت، ساداقەت، مېهرىۋانلىقنى قىلىپ ئادەت
بۇ مەيداندا قېيىنغا ئۇچرىساڭمۇ ئىپتىۋار قىلما!

خىيال شىرىن ۋە لېكىن ئۇ خىيالغا يەتمىگىڭ تەس ئىش،
مۇشەققەتكە بېرىلمە ۋە ئۇنى يەڭ! دائىما سەن پىش،
نىشانەڭ سارىيىغا چامدا! قەدەم توختاتما يازۇ - قىش.
قىلىپ چاك تۇن ياقاسىنى هەر سەهەر ئاتقاندا تاڭ دەرمىش:
هەر بىر كۇن ئاخىرى سۇبهى تۇن دەپ ئاهۇ - زارقىلما!

كوڭۇل گۇلزارىدىن جۇتنى يوقات! دىلىنى مىجىغلا!
هەقىقەتتىن قورالانغىن، رەقىپلەر كوڭلىنى تىغلا!
ئېزىزى سەن پاراسەت قىل! يامان هەم ياخشىنى ئىغلا!
كىشىلىك كۇلسە - خوشلۇق بىرلە كۇل! گەر يىغلىسا يىغلا!
زىيائى سەنمۇ بۇ يولدىن بولەكنى ئىختىيار قىلما!

1943 - يىل. 24 - نويابىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# غەزەل

ئەخلاق بىلەن ھۆسنى قامدا، كوڭۈل چەكسىز مەيدان بولسۇن!
بىلىم ئىزلەپ ئالغا چامدا، ئەگرى غەرەز گۇمران بولسۇن!

پەزىلەتتىن پاك نۇر يانسۇن، تۇرالمىسۇن قارا تۈنلەر،
نادانلىقنى گورگە ئاغدۇر، يىلتىزىدىن يەكسان بولسۇن!

ساداقەتلىك كىشى بولغىن، تاپالمىسۇن سېنى قايغۇ،
راستلىق بىلەن ئىشلە ھارماي، ۋەتەن گۈزەل بوستان بولسۇن!

كىشىنى سەن ھۆرمەت قىلساڭ، سېنى ھەم ئۇ ھۆرمەت قىلغاي،
تەكەببۇرلۇق بىلەن ماڭغان كىشىلەردە نى نىشان بولسۇن!

مېھرىۋانلىق شەپقەت بىلەن ۋاپا گۈلزارىنى ياشنات،
ۋەتەنگە خۇشپۇراق چاچقىن، خۇشپۇراقلىق ماكان بولسۇن!

ساپ ئىنساپ بىلەن دوستۇم، كىشىلىك باغىنى ئۆستۈر،
ھەقىقەت بۇ گۈزەل باققا چىرايلىق باغبان بولسۇن!

ئەزەلدىن سەن ئۇلۇغ ئىنسان، ئۇلۇغلىقنى راۋاجلاندۇر،
ۋەتەنگە كوي، خەلقىنى سوي، بۇ ئىش ساڭا چوڭ بىر شان
بولسۇن!

ئېزىزى سەن، قەلەم بىلەن دۇشمەن كوڭلىنى داغلا!
رەقىبلەرنىڭ كوزلىرىدىن قانلىق ياشلار راۋان بولسۇن!

1943 - يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مارت شامىلىغا خىتاپ

ئەي، مارت شامىلى!
جۇڭگو سوقۇش فرونتىغا بار!
قىزىل قاندا توق بويالغان ئۇپۇقلارنى يار!
قانلىق فرونت سەھنىسىگە كوز تىكىپ قارا!...
قايناق جەڭدە ئوركەشلىگەن جەڭچى قىزلارنىڭ—
مەڭگۈ ئوچمەس شەرەپ-شانىغا ئىگە ئىزلارنىڭ،
سۇمبۇل چاچلىرىنى تارا!...
كۆرەش ئىشقىدا ئوخچۇپ تەپكەن—
چوغلۇق يۈرەككە...
مەدەت بولسۇن، بىزلەردىن ئوتلۇق سالام بەر!
مىليونلارنىڭ سالامىدىن دىلغا ئارام بەر!
چۈنكى ئۇلار جاندىن كەچكەن، نومۇس ئاقلاشقا،
بەل باغلىغان كېچە-كۈندۈز ۋەتەن ساقلاشقا.
مەرتلىك بىلەن قورالىنىپ ئەرلەر بىلەن تەڭ،
ئوت ئىچىدە قانلار كېچىپ قىلماقتادۇر جەڭ.
بۇندىن ئارتۇق سوزلەشكە مەندە تاقەت يوق،
بەلكى سەنمۇ بىلەرسەن مەندىنمۇ تولۇق.

خوتۇن - قىزلار  سائادىتى نۇرلانغان بۇ كۈن،
ئېخى بىزدىن يىراقتۇر، ھوكۈمراندۇر تۈن.
بۇ ھەسرەتلىك، ئېچىنىشلىق مۇدھىش ئەھۋالنى،
پۈتۈن دۇنيا ئاياللىرىغا چاپسان - تېز بىلدۈر!
مارت ئىلھامىدىن قولغا تۇتقۇزۇپ كۈچلۈك قورالنى،
مەزلۇملار كۈرىشىگە ياردەم قىلدۇر!

1944 - يىل، 7 - مارت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## كوڭۇل

ئې، كوڭۇل! پەسلىكنى قوي، ياخشىلىقا يارى بول!
مەرىپەتلىك ھەم شەرەپلىك مىسلى كام گۇلزارى بول!

ھەر تاماندا، ھەر زاماندا ياخشىلىق ئىررۇر،
ياخشىلىقتىن نۇر چېچىپ، ياخشىغا دىلدارى بول!

ئۇگىنىشتىن توختىماسەن، دايىما تىنماي ئۇگەن،
ئۇگىنىشنىڭ ساھەسىدە سەن پەقەت بىسارى بول!

چوڭقۇر ئويلان! ياخشى دوستنى تاپماق تەس ئىررۇر،
ياخشى دوستنى سەن تېپىشتا ھەممىدىن ئىلغارى بول!

مېھرى - شەپقەتنى ئۇزەڭگە ئەيلىگىن ئالى نىشان
كېچە - كۇندۇز ئاجىز ئەلگە تالىپ مەدەتكارى بول!

تىلغا سەن رەھبەر بولۇپ ئاز سوزلە، ساز سوزلىگىن،
ئۇزى ئاز، قىممىتى ساز، سوزلەر ئۇچۇن نىسارى بول!

ئېزىزلىقنى ئويلىساڭ، غاپىللىقنى مەنئى قىل،
ئوتمۇش - كەلمىشنى ئويلان، ھازىردىن خەۋەردارى بول.

1944 - يىل، سېنتەبىر ئاقسۇ.

## نېمە بولدى؟

ئاسىيانىڭ شەرقىدە بىر جەننەت بىزنىڭ ماكان بولدى،
خۇاڭخې، چاڭجياڭنىڭ سۈيى ھەر تەرەپكە راۋان بولدى،
گۈل - گۈلىستان ئۆلكىلىرى چېچەك ئېچىپ بوستان بولدى،
گۈلگە تۇتاش تاغلىرىنىڭ بايلىقلىرى مول - كان بولدى.
ئاتا - ئانا بوۋىلىرى باغبانۇ - رىزۋان بولدى،
جەسۇر قىزلار ھور پەرى، ئوغۇللىرى غىلمان بولدى.

نەپەس ھەرگىز قىسىلمايدۇ، چۈنكى تازا ساپ ھاۋاسى،
گۈلزارلاردا جاراڭلايدۇ بۇلبۇللارنىڭ خۇش ناۋاسى،
بىزنىڭ جەننەت شۇنداق جەننەت، جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئەلاسى،
بۇ جەننەتنىڭ قىممىتى چوڭ پۈتۈن خەلقنىڭ كۆز قاراسى،
ئۆز قوينىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن پەرزەنتلىرى پاسىۋان بولدى،
بىزنىڭ جەننەت گۈللىگىلى بەش مىڭ يىللىق زامان بولدى.

لېكىن شۇنداق بولغاندىمۇ يەنە گۈللەپ كېتەلمىدۇق،
زالىم خانلار زۇلۇمىدىن بىلگەن ئىشنى ئېتەلمىدۇق،
ئىككى مىڭ يىللىق فېئوداللىق باسقۇچتىن ئۆتەلمىدۇق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىز ـ كېنىزەك، ئوغۇل، غولام هال ـ ئەھۋال سورالمىدۇق،
زالىم مەنچىڭنىڭ هاكىم بولۇپ، خەلقنىڭ ئىشى پىغان بولدى،
دىل تىلغا، تىل كوكۆلگە ئۆز ـ ئارا تەرجىمان بولدى.

ئەجنەبىلەر هەر تەرەپتىن زورلۇق بىلەن كىرىپ ئالدى،
خانى ـ خاقان سەلتەنىتى هوقۇقىدىن مەھرۇم قالدى،
ئۆز ئالدىغا هوقۇقىنى تارتىپ ئالدى، كۆلپەت سالدى،
مەنچىڭ هەيكەل غولاتىلدى، هېچ بولمىدى ئاخىر تالدى،
ئىككى زولۇم قوشۇلغاچقا، گۈزەل جەننەت ۋەيران بولدى.
يۈرەك باغرى قانغا تولۇپ مەزلۇم ئەللەر تالان بولدى،

........................................................

........................................................

كوڭلى بۇزۇق ياپون قانخور ۋەھشىلەرچە شىمايلىنىپ،
شەرقىي ـ شىمال ئۆلكىمىزنى بېسىۋالدى غالجىرلىنىپ،
"ئۈچ ئايغىچە جۇڭگونى مەن يۇتىمەن" دەپ مەغرۇرلىنىپ،
پۈتۈن يۈزلۈك هۇجۇم قىلدى ئوگۇچياۋدا قوراللىنىپ،
تۇمشۇغىغا قاتتىق مۇش يەپ خام ـ خىيالى ئايان بولدى.
چوغقا قەدەم باسقىنىغا مىليون ـ مىليون پۇشمان بولدى.

ئىيۇلدا بىز قوزغالدۇق، قايناپ تاشتى ۋىجدانىمىز،
ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولساق، دىلدا قالماس ئارمانىمىز،

ئازاتلىققا تەسەددۇقتۇر بارلىق خانۇ ھەم مالىمىز،
خەلق ئۈچۈن ئاقسا ھوزۇر چېچەك ئاتار ساپ قېنىمىز.
دىدۇق شۇنداق چىلك چېلىشتۇق، يېڭىش شەرەپ ۋە
شان بولدى.
پات ئۇرۇشۇپ، پات ھەل قىلىش پىلانلىرى يەكسان بولدى.

باتۇرلارچە كۈرەش قىلىپ، ئىنسانلارنى قايىل قىلدۇق،
ھەقىقەتچى بولغانلارنى ئۆزىمىزگە مايىل قىلدۇق،
توساقلاردىن توسالمىدۇق، ھەر ئىش قىلساق دادىل قىلدۇق.
سەپداشلاردىن سىر يوشۇرماي، كوڭلىمىزنى ئادىل قىلدۇق.
ئاسارەتلەر پاچاقلاندى، ھەممە بىزگە ياران بولدى،
تارىخىمىز ھەم ساقلاندى، كۈرەش، چېلىش دەۋران بولدى.

.................................

ئالدىمىزدا بىز ئۈتمىگەن قاقاس قۇملۇق باياۋان بار،
توساق سىملار، ئوڭكۈر-غارلار، يۈكسەك تاغلار، مۇز
داۋان بار،
مەنزىلىمىز يوللىرىدا ۋەھشى يىرتقۇچ زور ھايۋان بار،
بىز ئۈتۈمىز چوقۇم ئاندىن، بىزدە نومۇس، پاك ۋىجدان بار،
ھەربىرىمىز زور ئارسلان، بىزگە كۈرەش دەرمان بولدى،
بىز يېڭىمىز چىلك ئۇيۇشۇپ، دوستلۇق مىسلى ئەدنان بولدى.

1944 - يىل، 29 - ئاپرېل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## «ئۇمۇر ئاتقان ئوق»

بىلىم چەكسىز ئوكياندۇر، مەنبەسى تولۇق،
بىر ئازغىنا بىلىم ئېلىپ بولما كوڭۇل توق!
ساۋاتسىزلىق مۇدھىش دۈشمەن، ئاڭا چوماق سوق!
جاھالەتتە ئوتتۇشىگەدىن ئېچىن، غايەت قورق،
تەبىئەتنىڭ قانۇنىدا ئۇلمەي ئامال يوق:
قەدىملەر شۇڭا ئېيتقان: «ئۇمۇر ئاتقان ئوق».

ئۇمۇر ئۇ بەرىكەتسىز تۈگەپ كېتىدۇ،
ئەجەل ئۇنى بىر كۈنى تارمار ئېتىدۇ،
ئۇرۇق - تۇققان دوستلىرىنى زار يىغلىتىدۇ،
كەتسە - كەلمەس مەنزىلىگە بېرىپ يېتىدۇ،
تەبىئەتنىڭ قانۇنىدا ئۇلمەي ئامال يوق،
قەدىملەر شۇڭا ئېيتقان: «ئۇمۇر ئاتقان ئوق».

دوستۇم دىققەت! «ئىجاتكارلار ئەسلا ئۇلمەيدۇ»،
ئىجاتكارنىڭ شانى يوكسەك ھىچ كومۇلمەيدۇ،
ئىجات دىمەك، ئاجايىپ گۈل، زادى سولمايدۇ،

ئىجات قىلماي قىممەت ساقلاش مۇمكىن بولمايدۇ،
تەبىئەتنىڭ قانۇنىدا ئۇلامەي ئامال يوق،
قەدىمىلەر شۇڭا ئېيتقان: «ئۆمۈر ئاتقان ئوق».

توغرى ئىجات قىممىتىڭنى مەڭگۈ ساقلايدۇ،
توغرى ئىجات تارىخىڭنى سۈتتەك ئاقلايدۇ،
توغرى ئىجات ئىگىسىنى ئاممە ياقلايدۇ.
توغرى ئىجات ئۆسۈملۈكتۇر ئۆسۈپ شاخلايدۇ،
تەبىئەتنىڭ قانۇنىدا ئۇلامەي ئامال يوق،
قەدىمىلەر شۇڭا ئېيتقان: «ئۆمۈر ئاتقان ئوق».

ھاياتىڭدا تىرىش، ئىشلە ئىجادىڭ قالسۇن!
ئىجادىڭدىن پۈتۈن ئاممە مەنپەئەت ئالسۇن!
دۈشمەن دىلى ئۆرتەلسۇن، تالىجىقسۇن، تالسۇن!
ئىجاتلىرىڭ تارىخىڭغا نۇرلۇق ئىز سالسۇن!
تەبىئەتنىڭ قانۇنىدا ئۇلامەي ئامال يوق،
قەدىمىلەر شۇڭا ئېيتقان: «ئۆمۈر ئاتقان ئوق».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## يىللارغا سوئال

ھەي، ھەي يىللار! سوزسىز تىللار توختاڭلارچۇ؟
سوئال سوراي، سىزلەر جاۋاپ قىلساڭلارچۇ؟

كوز ئاچقىچە ئۆلىسىپ قاچقان قانداق نىمە ئۇ؟
ھاياتىمنىڭ كوز يېشى ئومۈر ئەمەسمۇ؟

ئومرۇمنى ئوغۇرلىغان ئوغرى سىزلەرغۇ؟
"مەيلى" دەپلا كەڭ يول قويغان مەن بىر بوزەكمۇ؟

ھەر بىر يىلدا بىر قېتىم ئوغۇرلۇق قىلىپ،
قاچىسىزلەر قېرىلىقتىن ئالامەت سېلىپ.

تىرگىنىڭلارنى تۇتقۇزماستىن كېتىسىلەر،
ياشلىغىمنىڭ باغرىنى كاۋاپ ئېتىسىلەر.

سىلەر كېلىپ ئومرۇمگە قەست قىلغاندا،
مەنبۇ ھازىر كۈرەش ئۈچۈن دەل شۇ مەيداندا.

مەن بىلىمەن، سىلەر پەقەت ئۇمۇر ئوغرىسى،
"غاپىل بولماسلىق كېرەك" سۆزىنىڭ ئوغرىسى.

سەن ئوغرىلار، زادى بىرمۇ تۇتۇلمىغان،
قەستىڭلاردىن ھېچبىر ئىنسان قۇتۇلمىغان.

ساق قالمىدى تاغ يۈرەكلىك پالۋانلارمۇ،
قاخشاپ ئۆتتى ھەر بىر ئەسىر داستانلارمۇ.

كېرەك يوققۇ سىلەرنىڭ كەسپىڭلار ئوغرى،
كەسىپ بولغاچقا ئۆزەڭلارغا ئىشىڭلار توغرى.

بەس! ھەي يىللار، سوئالىمغا جاۋاپ بىرىڭلار!
ياكى بارمۇ سۆز تاپالماي قالغان يېرىڭلار؟

كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلگەن يولچى سىزلەرغۇ!
سۆزلەڭلەرچۇ؟!...تارىخ سىلەر باسقان ئىزلارغۇ!

ھەي-ھەي يىللار! ھەرگىز مېنى قورقىتالمايسىلەر!
جىسمىم مەيلى، ئىسمىمنى ھېچ يوقىتالمايسىلەر.

جەڭ قىلىمەن كائىناتنىڭ سىرىدىن تېپىشقا،
شەرىپىمنى تائەبەتكە ساقلاپ قېلىشقا.

جەڭ قىلمەن غەيرىتىمدىن ھوسۇل ئېلىشقا،
دۈشمەنلەرنىڭ قەستلىرىنى بىت-چىت قىلىشقا.

ساپ ۋىجدانلار، بۇ يىللارنى ئويلاپ قاراڭلار!
يىللارغا بوزەك بولماي جەڭگە ياراڭلار!

چۈشىنىڭلار، ھەر بىر ئىشنىڭ قايدىسىگە،
كويۇنىڭلار، ۋەتەن، خەلق پايدىسىگە.

سىكۈنت ئۆمۈر غاپىللىقتا دەرىخ كەتمىسۇن،
يىللار، ئايلار، كۈنلەر ئۆنى خاراپ ئەتمىسۇن.

1945-يىل. يانۋار، ئاقسۇ.

## بۇلبۇلنىڭ گۈلگە نالىسى

تۈنىيا بۇلبۇل گۈل ۋەسلىگە بولۇپ مۇشتاق،
زۇلپى رەيھان گۈلستانغا تارتىپ ئىشتىياق.
كېچىلەرى ئۇيقۇسىز ئىچەر خۇنەبە،
تا سەھەر بولغۇنچە ئۇنى كۈيدۈرەر پىراق.

تەھەممۇل بىرلە بۇلبۇل سۈيۈپ تاڭ سەھەرنى،
سايرار ئىدى گۈلنىڭ ئىسمى تىلىدە ئويناق.
مونىس غۇنچە قامىتىگە خۇشتار ئىدى ئۇ،
يەنى بولسا، ئاي رۇخسارى ئۇنىڭغا ئىناق.

ئىشىتكىن خۇش ناۋاغەمخانە بۇلبۇل نالەسىن،
بى غايەت بولسەن ئەگەر سالساڭ قۇلاق.
ئىستەر ئىدى ئۇ، غۇنچىنىڭ ئېچىلىشىنى،
گۈلى نادان، مەرىپەتسىز، ئىشى ئوخلىماق.

سالسا نەزەر بۇلبۇل ئۇنى قەدىرلەپ،
راۋامۇدۇر ئاشىقنى بى بەھرى قىلماق.

ئەمدى باش ئەگسە ئەگەر، رەنا چىمەن،
بەسى مۇشكۇل ئاڭا بىر قايرىلىپ باقماق.

تەبەسسۇم بىلەن ئەيىپ ئەيلىمەڭلار زىلۋا دەرەخلەر
لاچىن قۇشلار ھالى مەس، ھازىر ئەمەس ساق.
قاراڭ، گۇلىستان ئۇ نىھالنىڭ شوخ نالىسىگە،
تىلى زەپەر، سوزى گوھەر مىھرىدۇر قايناق.

تاماشا ئەيلەڭىز، مەرت بۇلبۇل جەۋلانىگە،
ئەيتۇر گۇلۇم ياشنا ئەپچىل ئويغان، چورەڭگە باق.
سۇلۇپتۇ نەۋ باھارىڭ پىتىپسەن ئۇقۇۋەتكە،
ئۇس، كۇل، نۇرلان، غۇربەتكە پىتىپ سۇلاشما مۇنداق.

گۇل نازىنىن پىراق شەمىڭدە بۇلبۇلۇڭ جۇنۇن،
ئىلمىي ھىكمەت چىمەندە سازىڭنى چال ئويناق.
مۇھەببەت گۇلزاردا خىسلىتىڭنى قىل جارى،
"بەخت" بۇلبۇلىنى شىخىڭغا قوندۇرما، لىكىن بولما تاق.

دىدى چىن تۇتىيا، قامەتلىك بۇلبۇل،
بولمىدى ياش غۇنچەم رۇخسارى گۇل سىياق.
ئەي، خۇش نىسار لالە گۇل پەندىيات قىلغىل،
يات بولسۇن ساڭا زۇلپۇڭگە تەمەننا قىلماق.

1945 - يىل، 30 - يانۋار، ئاقسۇ.

## دىلبىرىمگە

ئاق دىلبىرىم، ساق دىلبىرىم، تاق دىلبىرىم،
مەن ساڭا بىر سۆز ئېيتاي، باق دىلبىرىم.

دىل ئازاردىن ھەممە بىزار، ئاڭلا دىلدار،
زىنھار - زىنھار قىلما ئىنكار، ئامراق دىلبىرىم.

چاققان ئاققان، دىلغا ياققان ئېقىن سۇلاردەك،
ئەخلاق مورات مەنزىلىگە باق دىلبىرىم.

ھىممەت قىممەت، قىممەت ھىممەت، بۇ سۆز ھىكمەت،
ھىممەت بىلەن قىممەتلىك بول ئاپپاق دىلبىرىم.

دىيانەتلىك باغ ھەم تاغدا ئۇخشاش ئېزىز،
خىيانەتنىڭ قەسىرلىرى داق دىلبىرىم.

"ئىنساپتىن - ساپ" جۇملىسىنى تەپەككۇر قىل،
ئىنساپلىقنىڭ دىيانىتى ساق دىلبىرىم.

ئوخلاپ ياتما، ھوشسىز قاتما غەيرەتلىك بول،
ئەل خىزمىتى سەن ھەم ماڭا مۇشتاق دىلبىرىم.

كوڭلۇم سويگۇ سوھبىتىگە تەلپۈنۈپ تۇرار،
بولغىن سوھبەت بەزمىسىگە ئىشتىياق دىلبىرىم.

ئېزىنىڭ مۇھەببىتى ۋاپاغا مۇھتاج،
سەن بول ۋاپا ئالىمىگە ئىناق دىلبىرىم.

1945 - يىل، مارت، ئاقسۇ.

## ئۇلمىسۇن

پاك ئىنسانلار، ساپ ۋىجدانلار ھېچ ئۇلمىسۇن،
قەدىردانلا، مېھرىۋانلار ھېچ ئۇلمىسۇن!

چاققان - چاققان، ئالغا ئاققان، ئەلگە باققان،
دىلغا ياققان غەيۇرانلار ھېچ ئۇلمىسۇن!

خەلق ئۇچۇن، خىسلەت ئۇچۇن، نىيەت ئۇچۇن،
ئىپپەت ئۇچۇن چېلىشقانلار ھېچ ئۇلمىسۇن!

باتۇر يۈرەك، كۈچلۈك بىلەك، نۇرلۇق تىلەك،
قىممەت ئىستەك پەھلىۋانلار ھېچ ئۇلمىسۇن!

كوڭلى ئادىل، دىلى دادىل، ئوزى قابىل،
ھەققە مايىل پاك ئىنسانلار ھېچ ئۇلمىسۇن!

ئەلگە ئامراق، ئالىي ئەخلاق، دىلى ساپ ئاق،
نامۇسى ساق قەھرىمانلار ھېچ ئۇلمىسۇن!

قەلبى لىق نۇر، ئىلمى چوڭقۇر، مۇتەپەككۇر،
تۇيغۇن - سەزگۇر ئېزىزانلار ھېچ ئۇلمىسۇن!

1945 - يىل، مارت، ئاقسۇ.

## يىگىت

يىگىت بولساڭ چىن ئۇيلان ھەر بىر تەرەپنى،
ئۇيلا ئۆزەڭ بۇگۇن ئەشۇ نامۇس - شەرەپنى.

ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىل، ۋىجدانسىز بولما!
سەزگۈرلىكنى ئەلا بىل، غەپلەتكە تولما!

ئىتتىپاقنى مەھكەملەپ ئىلگىرى چامدا،
بۈگۈن خەلق كوزلىگەن تىلەكنى قامدا.

بىرلەشمىگەن كىشلەر ۋەيران بولىدۇ،
يول تاپالماي بېشى قېتىپ ھەيران بولىدۇ.

ئالدىراڭغۇ، ھولۇلوپتىن، مەڭگۇ يىراق بول،
سەۋرى قىلساڭ سەن ئۈچۈن ئوچۇقتۇر كەڭ يول.

تەكەببۇرلۇق كىشىگە ئەڭ يامان زەھەر،
ئامان تىلە ئېنىمگدىن شامدىن - تا سەھەر.

چېقىمچىلىق دۇنيادا بەك ئوسال قىلىق،
ۋادى - پەقەت ئەمەستۇر ئۇ ئىنسانچىلىق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەدبىرلەرگە پرىنسىپ ئېھتىيات ئىرۇر،
ئېھتىيات دەرىخى مول - ھوسۇل بېرۇر.

ۋەھشى دۈشمەن قوللانغان تەدبىرلەرنى بىل!
ئەڭ مۇكەممەل تەدبىر بىلەن سەن ئۇنى رەت قىل!

باتۇرا نىيەتتە قەتئى ئالغا باس!
كوپچىلىكتىن ئايرىلما ئۇتۇق ساڭا خاس!

ئېقىن سۇدەك ھەر دايىم توختىماستىن ئاق!
يولدا پۇتلاش توغانلارنى ئوركەش بىلەن چاق!

ۋەتەن بىلەن خەلقنى دۈشمەندىن ساقلا!
ئەزىز ۋەتەن تارىخىنىڭ نومۇسىن ئاقلا!

ھەر نەرسىدىن ئالى بىل چېلىش - مېھنەتنى،
كۈرەش بىلەن يوقاتقىن ئەسكى ئىللەتنى.

ھەققانىلار خىزمىتى ئۇتۇغلۇق بولسۇن،
ۋىجدانسىزلار تۇركۇمى ھەسرەتكە تولسۇن.

ئەي ئېزىزى، ۋىجدانسىز ئادەملەردىن قاچ!
ۋىجدان بىلەن جەڭ قىلىپ تارىخقا نۇر چاچ!

1945 - يىل، 14 - ئاپرېل، ئاقسۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئويىنا...

(بىر ئۇسۇلچىغا خىتاپ)

تۇرالماستىن بى قارار خەلق، چىقىپ شا دۇ ـ خۇرامان
ئويىنا!
سەن سەھنىدە ئېچىلغان گۇل، كەڭ سەھنىدە ھەريان
ئويىنا!
سەھنە ئىچى جەڭ مەيدانى، بۇ مەيداندا چاققان ئويىنا!
ئويۇن بىلەن ھورمەت تاپتىڭ، بۇ ئىش شەرەپ ھەم شان
ئويىنا!
تاۋۇس كەبى ھەر تەرەپكە قىلىپ ھەر دەم جەۋلان، ئويىنا!

ۋاختى ئويۇن چاغلىرىدا سەن پەرىشان قىلىپ چاچنى،
يېڭى چىققان ئايدەك قىلىپ قوندۇز كەبى قەلەم قاشنى،
ئويۇنىڭنىڭ شوخ يېرىدە ئېغاڭلىتىپ ئالتۇن باشنى،
شوخلۇق بىلەن ھەر بىر كوزدىن توكۇپ دانە ـ دانە ياشنى،
باققانلارنىڭ كوزلىرىنى قىلىپ زارۇ ھەيران، ئويىنا!

روشەنلىكتە چولپان كەبى يانار سىنىڭ شەھلا كوزۇڭ،
مىسلى ئۇن توت كۈنلۈك ئايدەك نۇر ياغدۇرار تولغان يۈزۈڭ،
جانغا راھەت، دىلغا لەززەت ئۇيناپ تۇرۇپ قىلغان سوزۇڭ،
ھەر ئەزايىڭ ئوز جايىدا، دىمەك كامىل پىشقان ئوزۇڭ،
قامىتىڭدىن خىجالەتتۇر لالە بىلەن رەيھان، ئۇينا!

سەنئەت ئۈچۈن بەك تىرىشىپ غەيرەت بىلەن مەقسەتكە يەت!
سەنئەت ئۈچۈن بەك تىرىشىپ تارىخىڭنى شەرەپلىك ئەت!
سەنئەت ئۈچۈن بەك تىرىشىپ خەلقىڭ ئۈچۈن خىزمەت
كورسەت!
سەنئەت ئۈچۈن بەك تىرىشىپ ئىجادىڭنى قالدۇرۇپ كەت!
سەنئەت ئامما ئۈچۈن دەپ بىل، سەنئەت ئەلگە ئىھسان،
ئۇينا!

ۋۇجۇدىڭنى ئەخلاق بىلەن ھەر دايىما تاھىر① قىلغىن!
سەن ئوزەڭنى كۈندىن - كۈنگە ھىممەت بىلەن ماھىر قىلغىن!
ئىجادىڭنى ئايىماستىن ھەر ئويۇندا زاھىر قىلغىن!
دىلىڭنى ساپ - ساپا قىلىپ يامانلىققا قاھىر② قىلغىن!
شۇنداق قىلساڭ، بولار سەن شات ئەل ئىچىدە خۇرامان،
ئۇينا!

---

① تاھىر — پاك.

② قاھىر — غەزەپ.

چىلىنغان سازلار سەن ئۇچۇنـدۇر، ئوينا! ئاۋام قاراپ تۇرسۇن،
شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ ئوينا! خۇلقىڭ ئەلگە ياراپ تۇرسۇن،
داڭقىڭ سېنىڭ ئەل ئاغزىدا شەمۇ-شەگە تاراپ تۇرسۇن،
بۇلبۇللارنىڭ زوقى كېلىپ باغدا ئۇمۇ سايراپ تۇرسۇن،
ئېزىزى دەر ئەدەپ هايا ئۇچۇن ئېچىپ چىن ئان، ئوينا!

1945 - يىل، ماي، ئاقسۇ.

## بۇرادىرىمگە

قەتئى ئالغا باس، ئەلنى ياران قىل!
ئۇتتۇق ساڭا خاس، ئىشنى ئوبدان قىل!
زۇلۇم سازىنى، جاپا كارىنى،
كۆلپەت داغىنى چوقۇم يەكسان قىل!

ھەقىقەت ئۇچۇن، ئادالەت ئۇچۇن،
ۋەتىنىڭ ئۇچۇن جاننى قۇربان قىل!
كوڭۇللەر ئارا قالمىسۇن قارا،
سىناشقا يارا ھەقنى مىزان قىل!

غاپىللىقتىن قاچ، كوزۇڭنى چوڭ ئاچ،
ئەقلىڭدىن نۇر چاچ، ئىلھام سەيلان قىل.
قارا كۆڭلەرگە، مۇدھىش تۈنلەرگە،
ۋەھشى ئەللەرگە نەپرەت بايان قىل!

شىجائىتىڭدىن، رىيازىتىڭدىن،
شاپائىتىڭدىن دەريا راۋان قىل!

روشەن كوز بىلەن، ئۇتكۇر سوز بىلەن،
ئاپپاق يۈز بىلەن ياشاشنى ئانت① قىل!

نۇرلۇق ئىز بېسىپ، ياۋ يولىن كېسىپ،
يېڭىپ گۈل قىسىپ، جاننى ئامان قىل!
تەر توكۇپ ئىشلەپ، هالال نان چىشلەپ،
يېڭىنى تىكلەپ، چولنى بوستان قىل!

ئاقىل كىشىنى كوپىنىڭ ئىشىنى،
خەلق ئىچىنى ئىلمىي ئىرپان قىل!
ۋىجدان ساقلاشقا، نومۇس ئاقلاشقا،
هەقنى ياقلاشقا دىلنى ئورگان قىل!

يىراقنى كوزلەپ، هەققانى سوزلەپ،
كوڭۈلنى تۈزلەپ، تارىخنى شان قىل!
ئىزىزى چاققان، يېڭىنى تۇرۇپ،
ئازاتلىقنى تاپ، دىلنى قورغان قىل!

1945 - يىل، ماي.

---

① ئانت — قەسەم.

## قەلەمگە خىتاپ

ئوتكۇر قەلەم،
ئەركىن يۇر.
باشلا تەسۋىر
ھەق يولدا قىل زىكىر.
خوش مەرھابا تېڭىمدىن،
پاك نوسرەت چاچ،
سەھىپىلەر گۇللەت،
ئالەمگە ئات غۇلاچ.
تارىخ يۇزىدە،
لاۋۇلدار بىر نۇر.
ئۇ، ھەممىدىن ساپ ئىرۇر.
ئەنە ئالدىڭدا
پاقىرار سۇبھى زىبا،
قانات يايماقتا،
سەيياھ تۇتىيا.
سائادەت گۇلزارىنى،
يارانقان ئاپتاپ.

بىلسەڭ ئۇ، ئىنقىلاپ،
بەخت مۇنبىرىگە،
بەردى كۈمۈش بىلەن زىننەت.
باتۇر يىللارنى قوچۇپ،
تاپتى زۇمرەت.
ئاغدۇرۇپ زۇلمەتنى،
تاڭدىن چاشتى زەپەر.
ئەنە!
خۇش ھاياتنىن بەردى خەۋەر ...
بىزگە ياغدى ھىدايەت،
تۇغۇلدى لاتاپەت.
ئۇيىنا يىمىز ...
ئەتە شاتلىق توي ...
چۈنكى،
يوقالغۇسى شۇم زۇغۇي.
ئۇ باھادىر قۇدرىتى؛
ئۇ جەسۇر غەيرىتى.
ئىنقىلاپ ئىجاتچىسى،
ئۇلۇغ ئادەم.
شۇڭلاشقا
شوھرەت تاپتى.
ۋەتىنىم؛
گۈزەل بىر باغ.
نۇر چاچماقتا،

ئۇلار ياندۇرغان چىراغ.
مەرمەر تۇپرىغىمىزدا،
چىچەك ئاتقۇسى—
زۇلپى رەيھان،
ئەي، ئالماس قەلەم!
ئۇتمۇش،
كەلمىشتىن قىل ھىكايە.
ھە ...
سىنىڭ ئىلھامىڭ،
تۇگۇمەس بى نىھايە...

1945 - يىل، ئاۋغۇست

## پارچىلار

بۈگۈن بىزدە تىلسىز يۈرگەن —
كىشى بولار ئەتە بۇلبۇل.
نۇرلار چېچىپ، چىمقسا قۇياش،
شوخ ئېچىلار باغلاردا گۈل.

☆

بەخت ئىزلەپ تىنمەي يۈرگەن،
چېلىش بىلەن بەخت تاپار.
ئەرك ئىزلەپ ھەسرەت يىگەن،
ئەتە چوقۇم ئەركىن ياشار.

1945 - يىل

**比拉力艾则孜诗选**　　（维吾尔文）

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
787×1092毫米　32开本　2.375印张　2插页
1981年11月第1版　1982年2月第1次印刷
印数：1——6,000

统一书号：M10098·560　定价：0.17元

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر پەيزۇللا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

号: M10098 · 560
定　价: ·017元